# ئاسىيا ـ ياۋروپا قاتناش تۈگۈنى مەركىزى بەرپا قىلىش

## —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىغا نەزەر

تىيانشانغا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

يېقىندا قاتناش ـ تىرانسپورت مىنىستىرلىقى شىنجاڭنىڭ قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشىغا قوشۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ـ تىرانسپورتنى يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىش، رايون ھالقىغان ئۇنىۋېرسال تىرانسپورت چوڭ يولى قۇرۇلۇشى، ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، قاتناش ۋە ساياھەت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ جەھەتتىن قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

«بۇ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى تەرەپ ۋە كۆپ تەرەپ قاتناش تىرانسپورتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يولى، تۈگۈن ئىقتىسادى، «قاتناش + ساياھەت» نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش تورى «ئاخىرقى ئۇچى تېپى»دىن «ئاسىيا ـ ياۋروپا قاتناش تۈگۈنى مەركىزى»گە ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇپ، جاسارەت بىلەن قاتناش كۈچلۈك دۆلىتىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىدۇ.

### سىرتقا ئېچىۋېتىش دەرۋازا تۈگۈنى بەرپا قىلىش

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە، بىر جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا يۈك قاچىلىنىۋاتاتتى، كىران بىر كونتېينېرنى پويىزغا بېسىۋاتاتتى.

2016 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، شىنجاڭدىن يولغا چىقىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ نۆۋەت سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، نۆۋەتتە جەمئىي 3000 نۆۋەتتىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچكىرى رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، ياۋروپا ـ ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان خەلقئارا دەرۋازا تۈگۈنلۈك رولى بارغانسېرى گەۋدىلەندى.

شىنجاڭدا دۆلىتىمىز غەربكە ئېچىۋېتىلگەن قۇرۇقلۇق چوڭ يولى بار، قاتناش ـ تىرانسپورتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم رولغا ئىگە.

قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز «بىر پورت، ئىككى رايون»نى يادرو قىلغان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەرلەر ۋە پورتلارنى قاپلىغان خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىچكى جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق شەھەر ۋە پورتلارنى تۇتاشتۇرىدىغان، تاشقى جەھەتتە ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى قوش يۆنىلىشلىك تور تۈگۈنى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، قاتناش ـ تىرانسپورتنى كۆۋرۈك، ۋاسىتە قىلىپ، خەلقئارا تىرانسپورتنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ كەڭ ساھەدە ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئوچۇق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازا تۈگۈنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خەلقئارا يۈك تىرانسپورتىنى قولايلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو ـ قازاقىستان، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان، جۇڭگو ـ تاجىكىستان، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان، جۇڭگو ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ پاكىستان قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك تىرانسپورتنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ـ رۇسىيە خەلقئارا يول تىرانسپورتىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ قاتارلىقلار؛ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (جۇڭگو ـ ئاسىيا نۆۋەتچى پويىزى) تايانچ قىلىنغان، خەلقئارا ئاۋىياتسىيە تىرانسپورتى، يول تىرانسپورتى قاتارلىق تىرانسپورت شەكىللىرى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇلغان پۈتۈن مۇساپىلەشكەن، بىر گەۋدىلەشكەن، خەلقئارالاشقان ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمەت زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسى ۋە ئەشيا ئوبوروتى ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ.

### يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى چوڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇش

ماشىنىلار گۈرۈلدەيتتى، ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ھەممە يەرنى قاپلىغاندى... يېقىندا خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ S1 بۆلىكى تۈردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نەق مەيداندا، جۇڭگو تۆمۈريولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى گۇرۇھى 1 ـ شىركىتىدىكى قۇرۇلۇشچىلار تۈر قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «بىز مەخسۇس ئەمگەك مۇسابىقىسىنى باشلاپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېز ئالغا سىلجىتىۋاتىمىز، نۆۋەتتە S1 بۆلەكتىكى لىنىيە ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىدا پۈتۈنلەي قۇرۇلۇش تاماملاندى ھەم جازا ياتقۇزۇش ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا قوشۇمچە قۇرۇلۇشلاردا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش باسقۇچىغا كىردى» دېدى S1 بۆلىكى تۈر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى جاڭ تيېفېڭ.

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىدىكى تۆمۈريول چوڭ يولى —— جەنۇبىي يولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «لايىھە»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاپتونوم رايونىمىز شىيامېن ـ قەشقەر يولىنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتىدۇ، شىنىڭ ـ خوتەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى(شىنجاڭ بۆلىكى)، كورلا ـ گولمۇد تۆمۈريولى، چاقىلىق ـ خوتەن تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجا ـ ئاقسۇ تۆمۈريولى، G0711 ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر ـ چاقىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول چوڭ يولى قۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولىدۇ؛ پورت تۆمۈريولى، تاشيول قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قونجىراپ، ئەركەشتام، تورغات، جېمىنەي، خورگاس، لاۋيېمياۋ، تايكەشكەن قاتارلىق پورتلارنى تۇتاشتۇرىدىغان تور قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتىدۇ؛ جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان يولى، جۇڭگو ـ قازاقىستان ـ رۇسىيە يولى، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ـ رۇسىيە يولىنىڭ تىرانسپورت يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ـ پاكىستان تاشيولى، جۇڭگو ـ تاجىكىستان تاشيولىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى قاتارلىق چېگرا ھالقىغان تۆمۈريول، تاشيول قۇرۇلۇشلىرىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا تىرانسپورت چوڭ يولىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنى ئىچكىرى رايونلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال تىرانسپورت چوڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ چوڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قاتناش تۈگۈنى مەركىزى قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىۋېرسال قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سودا ـ تىرانسپورتنى قولايلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

### «قاتناش + ساياھەت»نى چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇش

بۇلتۇر، G217 لىنىيەسى مايتاغ ـ كۇچا بۆلىكى تاشيولىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان قىسمىنى تۈزەپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملانغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ھەۋەسكارى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا ئەركىن ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىندى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنى قوزغىدى، نۆۋەتتە تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى پائال ئالغا سىلجىتىلماقتا.

«لايىھە»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت، قاتناش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول قاتارلىقلارغا تايىنىپ «تېز ئىلگىرىلەش» قاتناش تورى بەرپا قىلىپ، ساياھەت تۇيغۇسىنى قاندۇرىدىغان «ئاستا ساياھەت» قاتناش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ يېشىل تاشيول قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساياھەت مەنزىرە يولىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى مەنزىرە يولى، پامىر مەنزىرە يولى، G219 شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيەسى مەنزىرە يولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساياھەت لىنىيە يوللىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزى، ساياھەت تەشۋىقات مەركىزى، يول تاماشا قىلىش سۇپىسى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ئۆزى ھەيدىگەن ئاپتوموبىل، ئۆي ئاپتوموبىل لاگېرى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇلانما مۇساپىسى ـ ئۇلانما تىرانسپورتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تاشيول، تۆمۈريول ئۇلانما تىرانسپورتى، قۇرۇقلۇق ـ ھاۋا ئۇلانما تىرانسپورتىنى كۈچەيتىپ، ساياھەت، قاتناش ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» «يىپەك يولى ئۆتەڭى» قاتارلىق ئېسىل ساياھەت سۈپەتلىك ماركىلىرى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىدۇ. ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت مەنزىرە يولى ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىدىغان ئېسىل لىنىيە يوللىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلىپ، «تېز كىرىش، ئاستا ساياھەت قىلىش» تورى ۋە شىنجاڭ ئىچىدىكى ساياھەت ئايلانما لىنىيە تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلۈپ، مەنزىرە رايونلىرىغا تۇتىشىدىغان تاشيوللارنىڭ ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، «قاتناش + ساياھەت»نىڭ يېڭى كەسىپ ھالىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قەتئىي ئۆزئارا قوللاپ، قويۇق ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى، بۇ، جۇڭگو —— ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق كارتىنىسى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو —— ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلگىرىكىدىنمۇ تېخىمۇ موھتاج. ئىككى تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو —— ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو —— ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسى بۇتۇكا مەكتىپى تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يەر شارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشقا پائال تۆھپە قوشقانلىقىغا يۈكسەك باھا بەردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ياردىمىدە بۇ مەكتەپنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

بۇتۇكا مەكتىپى 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىشلىتىلگەندىن بۇيان، تەخمىنەن 3000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، شۇ جاينىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسى ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ئۆزگىچە ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق قېزىپ، نانچىلىق كەسپىنى ۋەكىل قىلغان ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

نان مەدەنىيىتىنى باش تېما قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش تۈپلانغان، مەدەنىيەتنى نامايان قىلىش ـ ھېس قىلىش ھەم مەھسۇلاتنى سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى توردا ئالقىشلانغان ساياھەت قىلىشتا چوقۇم بارىدىغان جايغا ئايلاندى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، شۆھرەت زاكىر نەق مەيداندا نان مەدەنىيىتى كۆرگەزمە رايونى، ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش رايونى، ھېس قىلىش ـ ئويۇن قويۇش رايونى، خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش رايونى، مەززىلىك تائاملار كارىدورى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ بۇ يىل يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلققە بولغان سەممىي، چوڭقۇر ھېسسىياتى ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ، بىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭدا نانچىلىق كەسپىنى ۋەكىل قىلغان ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. نانچىلىق كەسپى شىنجاڭدا تەننەرخى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بازار پۇرسىتى ۋە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. جەزمەن نانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ كۆلەملىشىش، كەسپلىشىش، بازارلىشىش، ئەلا سۈپەتلىشىش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نانچىلىق كەسپى ئۆلچەم سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خام ماتېرىيال سېتىۋېلىشتىن ئىشلەپچىقىرىشقىچە، ئامبار ئەشيا ئوبوروتىدىن سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن تەرتىپلىك سۈپەت بىخەتەرلىكى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، يېمەكلىك سۈپىتى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نانچىلىق كەسپىدە كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، باشلامچى كارخانىلارنى يېتەكچى قىلىپ، نانچىلىق كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، توپلىشىشقا ئوخشاش تەرەققىيات يولىغا مېڭىش كېرەك. نان مەھسۇلاتلىرى ماركېتىنىڭ ئەندىزىسىدە كۈچەپ يېڭىلىق يارىتىپ، توردا، تور سىرتىدا تەڭ كۈچەپ، تىرىشىپ ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ يېشىل، ئەلا سۈپەتلىك بولغان سۈپەتلىك ماركىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يارىتىپ، ناننى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە شۆھرىتى تارقالغان شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائام نام كارتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. كۈچەپ ياخشى بولغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىپ، نانچىلىق كەسپىنى ۋەكىل قىلغان ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپىنى زورايتىش، كۈچەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىمتىھان بېرىدىغان 229 مىڭ 300 ئوقۇغۇچى بۈگۈن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان مەھكىمىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2020 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمتىھانغا تىزىملاتقانلار 229 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، جەمئىي 93 ئىمتىھان رايونى، 235 ئىمتىھان نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 71 ناھىيە (شەھەر، رايون)گە تارقالغان. نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى دائىملىشىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى جايىدا ئەمەلىيلىشىپ، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتكەن.

بۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەت لايىھەسى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بىخەتەرلىك خىزمەت لايىھەسى، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىش لايىھەسى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ، ئىمتىھاننىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بارلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋە ئىمتىھانغا ئالاقىدار خادىملارغا ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى 40 كۈندە يېپىق ھالقىلىق دەۋرىيلىك، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى 14 كۈندە ھەر كۈنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، قوش مۇداپىئە (نۇكلېئىك كىسلاتا)نى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەشنى يولغا قويۇپ، تېنى ساغلام ھالەتتە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ئەسۋابلىرىنى سېتىشقا زەربە بېرىش، ئىمتىھانغا ئالاقىدار تور مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش، ئىمتىھان نۇقتىسى ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئىمتىھان بېرىش، كۆچۈرمىچىلىك قىلىشقا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت تۆت مەخسۇس ھەرىكەتنى ئورتاق قانات يايدۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى ئىمتىھان مۇھىتى ياراتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز 173 مېيىپ ئوقۇغۇچىغا ئەمالار يېزىقىدىكى ئىمتىھان قەغىزى، چوڭ خەتلىك ئىمتىھان قەغىزى، ئىمتىھان ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىمتىھان نۇقتىسى، ئىمتىھان مەيدانىغا ئالدىن كىرىش قاتارلىق مۇۋاپىق قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتونوم رايون مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ۋە ئىمتىھان ئىشلىرىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تەڭ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا «نۆل خەۋپ ـ خەتەر» «نۆل يۇقۇملىنىش» «نۆل خاتالىق» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمتىھان ئىستىلى، ئىمتىھان ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، شايكا تەشكىللەپ كۆز بويامچىلىق قىلىش، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ كۆچۈرمىچىلىك قىلىش قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى كېرەك؛ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى تېخىمۇ سەممىي، ئىللىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ تەمكىن ئىمتىھان بېرىشى، تىنچ ـ ئامان ئىمتىھان بېرىشى، ساغلام ئىمتىھان بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.